# 38355 - روزا ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ نەپلە روزا تۇتۇش دۇرۇس بولىدۇ

## سوئال

روزا ھېيتنىڭ ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى كۈندىن باشلاپ رامزاندا تۇتالمىغان قازا روزىنى تۇتسام بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

روزا ھېيت كۈنى بىر كۈن بولۇپ، ئۇ شەۋۋالنىڭ بىرىنچى كۈنىدۇر. ئەمما كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئۈچ كۈن ھېيت قىلىش بولسا، شەرئى ھۆكۈمگە ئالاقىسى بولمىغان، پەقەت مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە مەشھۇر بولغان ئادەتلەردىندۇر.

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ روزا ھېيت كۈندە روزا تۇتۇش توغرىسىدا دېگەن بابتا: ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدەريي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان 1992 - ھەدىسنى نەقىل قىلىپ: **«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈندە روزا تۇتۇشتىن چەكلىگەن،»** دەيدۇ.

يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن روزا ھېيت كۈنى پەقەت بىر كۈن، ئۇ كۈندە روزا تۇتۇش چەكلىنىدۇ. ھېيتنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈنلىرى روزا تۇتۇش چەكلەنمەيدۇ. بۇ كۈنلەردە رامزاننىڭ قازا روزىسىنى تۇتسىمۇ ياكى باشقا نەپلە روزا تۇتسىمۇ بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.